ھاللىق تۇرمۇشىمىزغا ئاتلىنايلى

«بىنەپشە رەڭلىك ئىقتىساد» قورغاستىكى نامرات ئائىلىلەرنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇشىغا ياردەم بەردى

«جاھىل كالا» خوۋ ماۋماۋ بېيىش يولىغا ئاتلاندى

نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىپ، ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلايلى

☐ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرىمىز جاۋ چۈنخۇا، گې يوۋجۈن، ۋاڭ جېن، لۈ يىخەن، جاڭ ئاۋ

ياز كۈنلىرىدىكى ئىلى دەرياسى ۋادىسىدا، كۆكۈرچىن تاغ تىزمىسى كەڭ غۇلاچ يېيىپ، ئۇستىقۇددۇس بىنەپشە رەڭگە كىرگۈزگەن كەنتنى قويىنىغا ئالدى.

ئۇستىقۇددۇس تېرىلغان ئون يىلغا يېقىن ۋاقىتتا، قورغاس ناھىيەسىنىڭ لۇسۇگۇڭ بازىرى سىگۇڭ كەنتىدىكى كەنت ئاھالىسى خوۋ ماۋماۋ بۇ گۈزەل مەنزىرىنى تولا كۆرۈپ كۆنۈپ كەتكەنىدى. ئۇ ئىلگىرى كەنتتىكىلەر كۆزگە ئىلمايدىغان بۇ «بىنەپشە رەڭ گۈللەر»دىن ئىشلەپچىقىرىلغان جەۋھەر مايىنىڭ يىراقتا ياۋروپا، ئامېرىكىغىچە سېتىلىدىغانلىقى، يەنە ئۇنىڭدەك ئارخىپ تۇرغۇزۇلۇپ كارتا بېجىرىلگەن بۇ نامرات ئاھالىنىڭ نامراتلىق قالپىقىنى ئېلىۋېتىشىگە تۈرتكە بولۇشنى ئويلاپمۇ باقمىغانىدى.

پىشقەدەم بىر ئەۋلاد كەنت ئاھالىلىرىنىڭ ھەممىسىنىڭ ئېسىدە بار، سىگۇڭ كەنتىنىڭ يەنە بىر ياڭراق نامى — تاش كەنت. «تاشلىق ساھەلىگە زىرائەت تېرىپ، بىر يىلدا نەچچە قېتىم سۇغارسىمۇ تۈزۈك ھوسۇل ئالغىلى بولمايتتى، بېيىماقچىمۇ؟ چۈش كۆرگەنلىك!» 20 - ئەسىرنىڭ 80 - يىللىرى گەنسۇدىن شىنجاڭغا كەلگەن 64 ياشلىق خوۋ ماۋماۋ يۇرتىنىڭ تەلەيپۈزىنى ھېلىھەم ئۆزگەرتمىگەنىدى.

نامرات يىگىتلەر خوتۇن ئالالمايتتى، كەنتتىكى قىزلار بېشىنى يېرىپ بولسىمۇ ياتلىق بولۇپ چىقىپ كېتەتتى. بۇ تۇپراقتا نەچچە ئون يىل ياشىغان خوۋ ماۋماۋ غەربىي شىمال يىگىتلىرىنىڭ ۋۇجۇدىدىكى ئاشۇ قەيسەر روھ بىلەن، 13 مو يەر ۋە ئازغىنا ھوسۇلغا تايىنىپ قەيسەرلىك بىلەن كۈرەش قىلىپ كەلدى.

«باشقىلار چۈشكە يېقىن ئاندىن ئېتىزلىققا قاراپ ماڭىدۇ، مەن تاڭ يورۇماستىنلا ئۆيدىن چىقىمەن، ياز كۈنلىرى چۈشتىمۇ ئارام ئالمايمەن، بىر تاۋۇز نەچچە موما بىلەنلا قورساقنى تويغۇزىمەن. بىز دېھقانلار يەرگە تايىنىپ تۇرمۇش كەچۈرىمىز، سەھەر تۇرۇپ، كەچ يېتىپ، قورساقنى تويغۇزۇشنىلا ئويلايمىز!» خوۋ ماۋماۋنىڭ قارامتۇل تېرىسىگە يىللارنىڭ ئىزنالىرى چوڭقۇر قورۇق بولۇپ ئورناپ كەتكەنىدى.

بۇ مەزگىل، پروۋېنس، بېيخەيداۋدىن ئىبارەت ئۇستىقۇددۇس چىقىدىغان ئىككى چوڭ جاي بىلەن ئوخشاش دېگۈدەك كەڭلىكتە بولۇش، تېرىپ ئەي قىلىش نىسبىتى يۇقىرى بولۇشتەك تەبىئىي ئەۋزەللىك ئۇستىقۇددۇسنى ئاساس قىلغان خاس تېرىقچىلىقنى قورغاس ناھىيەسىدە يىلتىز تارتقۇزدى. «باشقىلار تېرىيالايدىكەن، بىزنىڭ كەنتتە نېمىشقا بولمايدۇ؟!» 2010 - يىلى سىگۇڭ كەنتى پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى پەن لىن ئالدى بىلەن ئۆز ئائىلىسىنىڭ يېرىنى تۈزلەپ، كەنتتىكى پارتىيە ئەزالىرىنى باشلاپ ئۇستىقۇددۇسنى سىناق قىلىپ تېرىدى.

«‹ئوت - چۆپ› تېرىغاندا، زىرائەت تېرىغاندىكىدىن كۆپ پۇل تاپقىلى بولامدۇ؟!» «كوممۇناقنىڭ شاخلىرىنى يىغىۋېلىپ، يەنە ئات - ئۇلاغلارنى باققىلى بولىدۇ، ئوت - چۆپلەرنى يىغقاندا ھېچ نەرسە قالمايدۇ»... كەنتتىكىلەرنىڭ ھەممىسى كۆزىتىپ تۇردى، شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئۇستىقۇددۇس تېرىغان قوشنا كەنتتە قىسقا مەزگىل ئىچىدە ئۈنۈمنى كۆرەلمەي، بىر يىلدىن كېيىن، قايتىدىن زىرائەت تېرىدى.

ئىرادىلىك كىشى نەتىجە قازىنىدۇ. ئىككىنچى يىلى سىگۇڭ كەنتىدىكى ئۇستىقۇددۇستىن مول ھوسۇل ئېلىنىپ، مو بېشى پايدىسى ئادەتتىكى دېھقانچىلىق زىرائەتلىرىنىڭكىدىن يۇقىرى بولدى، بۇنىڭ بىلەن، ئىككىلىنىپ بىر قارارغا كېلەلمىگەن خوۋ ماۋماۋ كەسكىنلىك بىلەن تىزىملىتىپ، كەنتتىكى 1 - تۈركۈمدە ئۇستىقۇددۇس تېرىغان دېھقان ئائىلىسىگە ئايلاندى.

«كەنتتىكىلەرنىڭ دېمىگىنى قالمىدى، خوتۇنۇم مېنىڭ ئەگرى يولدا مېڭىپ قېلىشىمدىن ئەنسىرەپ، مېنى ‹جاھىل كالا› دەيدىغان بولدى. بىز جاپاغا چىداپ ئىشلەشكە رازىمىزكى، ئەمما جاپالىق ئۆتۈشنى خالىمايمىز!» ئەينى چاغدىكى ئەھۋالنى ئەسلەپ، خوۋ ماۋماۋ يەرنى قاتتىق تەپتى.

كەچلىك مەكتەپتە، ناھىيەدىكى مۇتەخەسسىسلەر دېھقانلارغا ئۇستىقۇددۇس ئۆستۈرۈش تېخنىكىسىنى چۈشەندۈردى. خوۋ ماۋماۋ لىققىدە خەت يېزىلغان كىچىك دەپتەرنى كۆزىنى ئۈزمەي تىكىلىپ تۇراتتى، «بىر ئائىلە كىشىلىرى تۇرمۇشتا ئۇنىڭغا تايىنىمىز، بىپەرۋالىق قىلىشقا بولمايدۇ!»

تېخنىكىنى ئۆگىنىۋالغاندىن كېيىن، ئۇستىقۇددۇس سورتىنى تاللاش يەنە كۆز ئالدىدىكى مەسىلە بولۇپ قالدى. ئەينى چاغدا، كەنتتىكىلەرنىڭ كۆپىنچىسى مەھسۇلات مىقدارى يۇقىرى، ماي چىقىش نىسبىتى يۇقىرى بولغان ئاق گۈللۈكنى تاللىدى، ئەمما ئۆگىنىش ئارقىلىق خوۋ ماۋماۋ كۆك گۈللۈكنىڭ جەۋھەر ماي سۈپىتىنىڭ ئاق گۈللۈكتىن ياخشى بولىدىغانلىقىنى بىلدى. ئۇ بىراقلا 13 مو يېرىنىڭ ھەممىسىگە سۈپىتى بىرقەدەر يۇقىرى بولغان فرانسىيە كۆك گۈللۈك ئۇستىقۇددۇسى تېرىدى.

كەنت كادىرلىرىنىڭ ياردەم بېرىشى - يېتەكلىشى بىلەن، خوۋ ماۋماۋ مو بېشى كىرىمدە «ھالقىما تەرەققىيات»نى ئىشقا ئاشۇردى، «ھەر مو يەردىن ئوتتۇرىچە 600 يۈەندىن كۆپرەك كىرىم قىلدىم، لېكىن تاماشا كۆرۈۋاتقان ئاشۇ كىشىلەرنىڭ كۆزى قىزاردى!» گۈل ئېتىزىدا خوۋ ماۋماۋنىڭ خۇشخۇي كۈلكىسى ياڭرىدى.

2014 - يىلى، سىگۇڭ كەنتى زور كۆلەمدە ئۇستىقۇددۇس تېرىدى، مەھسۇلات مىقدارىنىڭ ئېشىشى ۋە بازار ئەھۋالىنىڭ ياخشى بولۇشىغا ئەگىشىپ، مو بېشى پايدىسى ئۆزلۈكسىز ئېشىپ، 3000 يۈەندىن كۆپرەككە يەتتى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، كەنت كەسپلەرنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنى نامراتلىقتىن مۇقىم قۇتۇلدۇرۇشنىڭ تۈپ تەدبىرى قىلىپ، «ھەمكارلىق كوپېراتىپى+كارخانا+دېھقان ئائىلىسى+ئېلېكترونلۇق سودا» ئايلىنىش ئەندىزىسىنى باشلاپ، ئۇستىقۇددۇسنىڭ سېتىلىشىغا كاپالەتلىك قىلدى.

ئىككى يىلدىن كېيىن، خوۋ ماۋماۋ نامراتلىق قالپىقىنى ئېلىۋېتىپ، 120 كىۋادرات مېتىرلىق يېڭى ئۆي سالدى، سىگۇڭ كەنتىمۇ 2017 - يىلى پۈتۈن گەۋدە بويىچە نامراتلىقتىن قۇتۇلۇشنى ئىشقا ئاشۇردى.

بۈگۈنكى كۈندە، پۈتۈن كەنتتىكى 12 مىڭ 532 مو تېرىلغۇ يەردىكى ئۇستىقۇددۇس تېرىلغۇ كۆلىمى 12 مىڭ موغا يەتتى، قورغاس ناھىيەسىدە ئۇستىقۇددۇس تېرىلغۇ كۆلىمى 56 مىڭ موغا يېتىپ، پۈتۈن ئوبلاست بويىچە تېرىلغۇ كۆلىمىنىڭ 80%تىن كۆپرەكىنى ئىگىلىدى، 101 ئائىلىدىكى ئارخىپ تۇرغۇزۇلۇپ كارتا بېجىرىلگەن نامرات ئاھالە ئۇستىقۇددۇس تېرىش ئارقىلىق نامراتلىقتىن قۇتۇلدى. يۇقىرى ئېقىمدا ئۇستىقۇددۇس خام ئەشياسى تېرىلغۇ كۆلىمى ئۆزلۈكسىز كېڭەيدى، دېھقانلارنىڭ كىرىمى تەدرىجىي ئاشتى، ئوتتۇرا ئېقىمدا ئۇستىقۇددۇس يۈرۈشلۈك مەھسۇلاتلىرى كۈنسېرى موللاشتى، كۆپ خىللاشتى، تۆۋەن ئېقىمدا يېمەك - ئىچمەك، ياتاق قاتارلىق 1 -، 2 -، 3 - كەسىپنىڭ يۇغۇرما تەرەققىيات يېڭى ۋەزىيىتى ئاساسىي جەھەتتىن شەكىللەندى.

«نامراتلىق يىلتىزى»نى قومۇرۇپ تاشلاپ، سىگۇڭ كەنتى يەنە ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ 40 مىليون يۈەندىن كۆپرەك مەبلەغ سېلىپ، ئولتۇراقلىشىش مۇھىتىنى ياخشىلاپ، ئۇستىقۇددۇس خەلقئارا مەدەنىيەت - ساياھەت بايرىمىنى ئۈستىگە ئېلىپ ئۆتكۈزۈشنى تۇتقا قىلىپ، ئۇل ئەسلىھە قۇرۇلۇشى سالمىقىنى سىجىل زورايتىپ، ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ «ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك ئېكولوگىيە مەدەنىيلىكى كەنتى» «دۆلەت دەرىجىلىك گۈزەل ئىستىراھەت يېزا - كەنتى بەرپا قىلىنغان كەنت» دېگەن شەرەپلىك نامغا ئېرىشتى.

ئۇستىقۇددۇس تېرىغاندىن باشقا، خوۋ ماۋماۋ ئائىلىسىدىكىلەر يەنە كەنتتىكى ھەمكارلىق كوپېراتىپىدا ئىشلەپ، بىر يىلدا 100 مىڭ يۈەنگە يېقىن كىرىم قىلدى، ئەمما ئۇ يەنە تېخىمۇ بىر چوڭ ھېسابات قىلماقتا.

«ھازىر كەنتتىكىلەر پارتىيەنىڭ ياخشى سىياسەتلىرىگە تايىنىپ پۇقراۋى قونالغۇ سالدى، مەنمۇ سىناپ باققۇچى بولۇۋاتىمەن. بەخت كۈرەش قىلىشتىن كېلىدۇ، بىزنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى تۇرمۇشىمىز چوقۇم تېخىمۇ ياخشى بولىدۇ.» خوۋ ماۋماۋنىڭ ئارقىسىدىكى كۆكۈرچىن تاغ تىزمىسى بىر قەۋەت ناھايىتى گۈزەل شەپەق تونىغا ئورالغان بولۇپ، ئەتە يەنە بىر ياخشى ھاۋا بولىدىغانلىقىدىن دېرەك بەرمەكتە. ھالبۇكى، «جاھىل كالا» خوۋ ماۋماۋنىڭ ھاللىق سەۋىيەگە يېتىش يولىمۇ ماڭغانسېرى كېڭەيمەكتە، بۇ بىنەپشە رەڭلىك تۇپراقتا، ئومۇميۈزلۈك نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش بىلەن يېزا - كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈشنى ئۆزئارا جىپسىلاشتۇرۇشنىڭ داغدام يولى ئېچىلدى.

سكانېرلاپ سىنى كۆرۈڭ

قورغاس ناھىيەسىدىكى ئۇستىقۇددۇس مۇزېيىنىڭ مەھسۇلات كۆرگەزمە رايونىدا، خىزمەتچى خادىملار ساياھەتچىلەرگە ئۇستىقۇددۇس مەھسۇلاتىنى تونۇشتۇرماقتا (6 - ئاينىڭ 16 - كۈنى تارتىلغان).
☐ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز ۋاڭ جېن فوتوسى

يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇشنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش سەپىرى

ئاپتونوم رايونىمىزدىكى 12 ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرنىڭ ھەممىسىدە شال تېرىلىدىغان بولدى

ئەۋزەل يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ جايلىشىش شىفىرىنى يېشىش ④

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **جاڭ جىلى** خەۋەر قىلىدۇ: «ئاقسۇغا كېلىشىڭلارنى قارشى ئالىمىز، بۇ يەردە چۆللۈك، قۇملۇق بار بولۇپلا قالماي، يەنە ‹سەيۋەي جياڭنەن›دىكى بېلىق - گۈرۈچ ماكانى» دېدى 7 - ئاينىڭ 8 - كۈنى ئونسۇ ناھىيەسىنىڭ توپچان بازىرى توپچان كەنتى پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى لەن گۇاڭجۈن ئىچكىرى رايوندىكى دوستىغا تېلېفون قىلىپ.

ئاقسۇ ۋىلايىتى بۇ يىل تەخمىنەن 160 مىڭ مو شال تېرىدى، كۆز يەتكۈسىز باغ - ئورمان ۋە كېۋەزلىكلەر ئارىسىدا، سۈس يېشىل شال ئېتىزى پارچە - پارچە بوستانلىقلارغا «جياڭنەن مەنزىرىسى» قوشتى.

شىنجاڭنىڭ پۈتۈن گەۋدە سۇ، تۇپراق بايلىقى تەكشى ئەمەس، قىسمەن رايونلارنىڭ سۇ بايلىقى مول، بولۇپمۇ يەلپۈگۈچسىمان ئېقىن چۆكۈندىسى تۈزلەڭلىكى ئاستىدىكى بۇلاق سۈيى تېپىشىپ چىققان بەلباغ، شورلۇق يەر، دەريا قىنى قاتارلىق قۇرغاق زىرائەتلەرنى تېرىشقا ماس كەلمەيدىغان سۇلۇق يەرلەر شال تېرىشقا ماس كېلىدۇ. شال تېرىشنىڭ سېلىشتۇرما ئۈنۈمى يۇقىرى بولۇپ، تۇپراقنىڭ ئىككىلەمچى شورلىشىشى، ئېغىر شورلۇق يەر، يەرنىڭ چۆللىشىپ كېتىشىنى ياخشىلاش ھەمدە كېسەللىك ۋە ھاشارات زىيىنىنى ئازايتىش، رايون كىلىماتىنى تەڭشەش قاتارلىق ئەۋزەللىكلەرگە ئىگە.

نۆۋەتتە، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندا قۇمۇل شەھىرى، تۇرپان شەھىرىدىن باشقا 12 ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرنىڭ ھەممىسىدە شال تېرىلىدىغان بولدى. 2019 - يىلى، پۈتۈن ئاپتونوم رايون (بىڭتۇەننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)دىكى شال تېرىلغۇ كۆلىمى 853 مىڭ 800 مو بولۇپ، ھوسۇلى 516 مىڭ 200 توننىغا يەتتى.

ئاپتونوم رايونىمىز ئەۋزەل يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ رايونلارغا جايلىشىشىنى ئالغا سىلجىتىش جەريانىدا، ئىلى دەرياسى ۋادىسىدىكى بالدۇر، ئارا مەزگىلدە پىشىدىغان شال رايونى، تىيانشاننىڭ شىمالىي ئېتىكىدىكى بالدۇر، ئارا مەزگىلدە پىشىدىغان شال رايونى، جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ شىمالىي قىسمىدىكى ئەتىيازدا تېرىلىدىغان شال رايونى ۋە جەنۇبىي شىنجاڭدىكى تەكرار تېرىلىدىغان شال رايونىنى نۇقتىلىق تەرەققىي قىلدۇردى.

ئەلا سۈپەتلىك شال رايونى بەرپا قىلىپ، شال كەسپىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەرقايسى شال تېرىلىدىغان رايونلار ئۆز جايىنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ ماس تەدبىرلەرنى قوللاندى.

«بىزنىڭ يەكەن دەرياسىغا يېقىن بىر قىسىم يېزا - بازارلىرىمىزدا جەمئىي 12 مىڭ مو شال تېرىلدى، پىششىقلاپ چىقىرىلغان يېشىل گۈرۈچ سۈپەتلىك ماركا شەكىللەندۈرگەن بولۇپ، شۇ جايدا تەمىنلەش ئېھتىياجىنى قاندۇرالمايۋاتىدۇ» دېدى يەكەن ناھىيەلىك يېزا ئىگىلىك تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش مەركىزىنىڭ مۇدىرى لۇ ئەيلىڭ. بۇنىڭدىن كېيىن، بۇ جاي سۇ ئەھۋالىغا ئاساسەن، شال تېرىش كۆلىمىنى 15 مىڭ مودىن 20 مىڭ موغىچە كېڭەيتىدۇ.

شال تېرىش كۆلىمى 170 مىڭ موغا مۇقىملاشقان چاپچال شىبە ئاپتونوم ناھىيەسى دۆلەت ئىچىدىكى گۈرۈچ بازىرى رىقابىتى كەسكىن بولۇش قاتارلىق ئامىللارنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ، شال كەسپىنىڭ تەرەققىياتى «تورۇس»قا دۇچ كەلدى. بۇ ناھىيەدىكى دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق تەرەققىيات چەكلىك شىركىتىنىڭ ئىجرائىيە مۇدىرى دېڭ لىنىڭ تونۇشتۇرۇشىچە، ھازىر، شىركەت «ئورگانىك ماركا» بەرپا قىلىش ئارقىلىق، تېرىقچىلىقنى ۋاكالىتەن باشقۇرۇش ۋە پىششىقلاشنى ھاۋالە قىلىش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدىغان ئەلا سۈپەتلىك گۈرۈچ ئىشلەپچىقىرىپ، بازار بوشلۇقىنى كېڭەيتىدىكەن.

ئونسۇ ناھىيەسى شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيەسىنىڭ قوللىشى بىلەن شال تەجرىبە پونكىتى قۇرۇپ، يېزا ئىگىلىكنى كەسىپلەشتۈرۈش تۈرىگە تايىنىپ، دېھقانلارنىڭ شال تېرىشىغا ئىلھام بەردى؛ ئاقتۇ ناھىيەسى ئىچكىرى رايونلاردىكى كارخانىلار ۋە پەن تەتقىقات ئۆمەكلىرىنىڭ ياردىمىدە، دېڭىز شېلىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك تېرىدى؛ ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ مىدۇڭ رايونى بولسا شال تېرىش رايونىنىڭ شەھەر رايونىدىكى «ئۈچ بۇرجەك يەر»گە جايلىشىشتەك ئەۋزەللىكىدىن پايدىلىنىپ، رەڭلىك شال تېرىش ئارقىلىق ئېكسكۇرسىيە يېزا ئىگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، شال مەدەنىيىتىنى كېڭەيتتى.

بۈگۈنكى كۈندە، ئاپتونوم رايونىمىز ئەلا، يېڭى شال سورتىنى كىرگۈزۈپ يېتىشتۈرۈش ۋە ئۈلگە كۆرسىتىپ كېڭەيتىشنى تېزلىتىپ، ئېسىل مەھسۇلاتلارنى پىششىقلاش سىستېمىسى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ ۋە سېتىش بازىرىنى كېڭەيتىپ، سۈپەتلىك ئورۇق يېتىشتۈرۈشتىن ماشىنىدا تىكىپ مايسا يېتىشتۈرۈشكىچە، ئۇچقۇچىسىز ئايروپىلاندا دورا چېچىشتىن ماشىنىلاشقان ئورۇشقىچە، پىششىقلاش ھالقىسىدىكى زىيانغا ئۇچراش نىسبىتىنى تۆۋەنلىتىشتىن سېتىش ھالقىسىدىكى سۈپەتلىك ماركا بەرپا قىلىشقىچە، شالنى چۆرىدەپ 1 -، 2 -، 3 - كەسىپنىڭ يۇغۇرما تەرەققىياتىنى ئۈنۈملۈك ئىلگىرى سۈردى، كىشىلەرنىڭ سىرتقا چىقىپ ئارام ئېلىش، ئېكسكۇرسىيە قىلىش، ساياھەت قىلىش ۋە دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇش ئېھتىياجىنى قاندۇردى.

(بېشى 1 - بەتتە)

ئاپتونوم رايونلۇق دۆلەت ئىلكىدىكى مۈلۈكنى نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش كومىتېتى ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشنى ھازىرقى مۇھىم ۋەزىپە سۈپىتىدە چىڭ تۇتۇپ، ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلىك دۆلەت ئىلكىدىكى مۈلۈكنى نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش كومىتېتلىرى، ھەرقايسى نازارەت قىلىپ باشقۇرۇلىدىغان كارخانىلار، مەركەزنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق كارخانىلىرىنى ئىش ئورنى يوشۇرۇن كۈچىنى تولۇق قېزىپ، يېڭىدىن كۆپەيگەن ئىش ئورنىغا 50%تىن تۆۋەن بولمىغان نىسبەت بويىچە ئاپتونوم رايونغا قاراشلىق (بىڭتۇەننىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) مۇشۇ قاراردا ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلار ۋە شىنجاڭغا قايتقان ئىچكىرى رايونلاردىكى مۇشۇ قاراردا ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەن شىنجاڭلىق ئوقۇغۇچىلارنى تەكلىپ قىلىشقا يېتەكلەيدۇ.

بۇ قېتىمقى تەكلىپ قىلىش جەمئىي 100دىن ئارتۇق دۆلەت ئىلكىدىكى كارخانىغا چېتىلىدۇ، تەمىنلەيدىغان ئىش ئورنى جابدۇق ياسىمىچىلىقى، كاتىباتلىق، تەشۋىقات، پۇل مۇئامىلە، بىناكارلىق، قاتناش - ترانسپورت، دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، توپ سېتىش، سۇ، توك، ئىسسىقلىق ئېنېرگىيەسى قاتارلىق ساھەلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

ئاپتونوم رايونلۇق دۆلەت ئىلكىدىكى مۈلۈكنى نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش كومىتېتى ھەرقايسى كارخانىلارنىڭ توردا، تور سىرتىدا، مەكتەپلەردە تەكلىپ قىلىش قاتارلىق كۆپ خىل شەكىلدىن پايدىلىنىپ، تەكلىپ قىلىش ئۇچۇرلىرىنى ۋاقتىدا جەمئىيەتكە ئېلان قىلىشىنى، ئاپتونوم رايونلۇق دۆلەت ئىلكىدىكى مۈلۈكنى نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش كومىتېتى تور بېكىتى، شىنجاڭ گوزى ۋېيشىن ئاممىۋى نومۇرىنىڭ ماس قەدەمدە تەكلىپ قىلىش ئۇچۇرىنى ئېلان قىلىشىنى تەلەپ قىلدى، شۇنىڭ بىلەن بىللە تەكلىپ قىلىشنىڭ ئاشكارا، ئادىل، ھەققانىي بولۇشىنى، ھەققىي تۈردە ئادەم تاللاش، ئادەم ئىشلىتىش ئۆتكىلىنى ياخشى ئىگىلەشنى تەلەپ قىلدى.

(بېشى 1 - بەتتە)

ئىچكى - تاشقى مەبلەغ ئاپتوموبىل ياساش كارخانىلىرى ئىشلەپچىقارغان يېڭى ئېنېرگىيەلىك ئاپتوموبىللارنىڭ ئوخشاش بازار ئىجازىتى تەمناتىدىن بەھرىمەن بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش؛ ئادىل تىجارەت مۇھىتىنى كۈچەيتىپ بەرپا قىلىپ، ھەرقايسى ۋىلايەت، ئوبلاست (شەھەر)، ھەرقايسى تارماقلار ئادىل رىقابەتلىشىش بويىچە تەكشۈرۈش ئۆلچىمىگە قاتتىق سېلىشتۇرۇپ، ئۆزى ئۈستىدە تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىش كېرەك، رىقابەتنى چەتكە قاقىدىغان، چەكلەيدىغان قائىدە خاراكتېرلىك ھۆججەت ۋە باشقا سىياسەت تەدبىرلەرنى چىقىرىشقا بولمايدۇ.

«بىرقانچە تەدبىر»دە مۇنۇلار ئوتتۇرىغا قويۇلدى: مەبلەغ سېلىشنى ئىلگىرى سۈرۈش سالمىقىنى زورايتىپ، چەت ئەل سودىگەرلىرى مەبلەغ سالغان كارخانىلارنىڭ پەن - تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىشقا بولغان مۇلازىمىتىنى ئەلالاشتۇرۇپ، تېخىمۇ كۆپ تاشقى مەبلەغنىڭ يۇقىرى، يېڭى تېخنىكا كارخانىلىرىغا سېلىنىشىغا ئىلھام بېرىش ۋە يېتەكلەش؛ جۇڭگو (شىنجاڭ) ئەركىن سودا سىناق رايونى قۇرۇشنى پائال ئىلتىماس قىلىپ، ئۇنىڭ ئېچىۋېتىشنى كېڭەيتىش، تاشقى مەبلەغنى جەلپ قىلىش جەھەتتىكى ئالدىن يولغا قويۇش، ئالدىن سىناق قىلىش رولىنى جارى قىلدۇرۇش؛ تاشقى مەبلەغقە بولغان سودىگەر چاقىرىش، مەبلەغ جەلپ قىلىش سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، چەت ئەل سودىگەرلىرىنىڭ مەبلەغ سېلىشىغا بولغان مۇلازىمەت ئىقتىدارى ۋە سەۋىيەسىنى ئۆزلۈكسىز ئۆستۈرۈش كېرەك.

مەبلەغ سېلىشنى قولايلاشتۇرۇش ئىسلاھات شەكلىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش جەھەتتە، «بىرقانچە تەدبىر»دە مۇنۇلار ئوتتۇرىغا قويۇلدى: ئەمەلىي ئىقتىسادقا مۇلازىمەت قىلىش، سودىغا مەبلەغ سېلىشنى قولايلاشتۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈشنى يېتەكچى قىلىپ، كارخانىلارنىڭ مەبلەغ يۈرۈشتۈرۈش تەننەرخىنى تۆۋەنلىتىشكە ياردەم بېرىش؛ جۇڭگوغا كېلىپ خىزمەت قىلىشنىڭ قولايلىق دەرىجىسىنى ئاشۇرۇپ، ئىختىساسلىقلارنى كىرگۈزۈش، ئاقىللارنى كىرگۈزۈش خىزمەت سالمىقىنى ئاشۇرۇش؛ تاشقى مەبلەغ تۈردە يەر ئىشلىتىشنى پىلانلاشنى تەكشۈرۈپ تەستىقلاش تەرتىپىنى ئەلالاشتۇرۇپ، يەر ئىشلىتىشنى پىلانلاشتىكى «قويۇپ بېرىش، باشقۇرۇش، مۇلازىمەت قىلىش» ئىسلاھاتىنى سىجىل چوڭقۇرلاشتۇرۇش؛ تاشقى مەبلەغ تۈرلىرىنى ئەنگە ئېلىپ تەستىقلاش رەسمىيىتىنى ئاددىيلاشتۇرۇپ، تۈرلەرنىڭ ئىمكانقەدەر تېز ئەمەلىيلىشىشى، ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلۈشى، يۈرۈشۈشىگە ماس تۈرتكە بولۇش كېرەك.

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى ياڭزىجياڭ كوچىسى 1 - نومۇر. ئېلان باشقارمىسى: 5850783، تارقىتىش مەركىزى: 5859769، تېلېگراف نومۇرى: 5028. پوچتا نومۇرى: 830051. گېزىتنىڭ يىللىق باھاسى: 336 يۈەن، ئايلىق باھاسى: 28 يۈەن، پارچە باھاسى: بىر يۈەن (گېزىتنىڭ تىزىملاش نومۇرى: 102)